## 27090 ـ ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ھەج قىلىشنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە ھەجنىڭ تۈرلىرى

### سوئال

مەن بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئۆزۈم ئۈچۈن ھەج قىلغان، بۇ يىل ۋاپات بولۇپ كەتكەن دادام ئۈچۈن ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلىمەن. سىلەرنىڭ سۈننەت بويىچە ھەج قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن. ھەجنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟. ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن قايسى تۈردىكى ھەجنى قىلسا ئەۋزەل بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: بىز تۆۋەندە ھەج قىلغۇچىنىڭ سۈننەت بويىچە ھەج قىلىش ئۇسۇلىنى ئىخچاملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىمىز:

1–ھەج قىلغۇچى زۇلھەججىنىڭ 8–كۈنى مەككىدىن ياكى ھەرەمگە يېقىن بولغان جايدىن ھەج ئۈچۈن ئېھرام كىيىدۇ، ئېھرام كىيىدىغان ۋاقىتتا، ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرامغا كىرگەندە قىلىدىغان، يۇيۇنۇش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە ناماز ئوقۇش قاتارلىق ئەمەللەرنى قىلىدۇ. ئېھرام كىيگەندە ھەجنى نىيەت قىلىپ تەلبىيە ئېيتىدۇ. ھەجدە تەلبىيە ئېيتىش ئۆمرىدە تەلبىيە ئېيتقانغا ئوخشاش بولۇپ پەقەت ئۆمرىنى مەقسەت قىلىدىم دېگەننىڭ ئورنىغا ھەجنى مەقسەت قىلدىم دەيدۇ. كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەردىن ھەجنى تولۇق ئادا قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىسە شەرت بىلەن ئېھرامغا كىرسە بولىدۇ. شەرت قىلغان ۋاقىتتا: ھەر قانداق بىر چەكلىمە مېنى ھەج قىلىشتىن چەكلەپ قويىدىكەن شۇ جاي مېنىڭ ئېھرامدىن چىقىش ئورنۇم دەيدۇ، ئەنسىرەش بولمىسا شەرت قىلىش كېرەك ئەمەس.

2– شۇ كۈنى مىناغا چىقىپ مىنادا قونىدۇ، پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بومدات قاتارلىق بەش ۋاقىت نامازنى مىنادا ئوقۇيدۇ.

3– زۇلھەججىنىڭ 9–كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن مىنادىن ئەرەپاتقا قاراپ ماڭىدۇ. ئەرەپاتتا پېشىن بىلەن ئەسىرنى پېشىنىنىڭ ۋاقتىدا جەملەپ ۋە قەسىر قىلىپ ئوقۇپ، كەچ كىرگىچە ئاللاھ تائالاغا كۆپ دۇئا قىلىش، ئىستىغپار ئېيتىش ئىشلىرى بىلە مەشغۇل بولىدۇ.

4–كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەرەپاتتىن مۇزتەلىپىگە كىلىپلا شام بىلەن خۇپتەننى ئوقۇپ بامدات ۋاقتىغىچە ئۇ يەردە قالىدۇ. نامازدىن كيىن كۈن چىقىشقا ئاز قالغانغا قەدەر دۇئا قىلىدۇ.

5–كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مۇزتەلىپىدىن مېڭىپ، چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىش ئۈچۈن مىناغا كېلىدۇ، چوڭ شەيتاننىڭ ئورنى مەككە تەرەپكە يىقىنبولۇپ، خورمىنىڭ ئۇرۇقىدەك تاشلاردىن يەتتە تاشنى ئارقا_ئارقىدىن تەكبىر ئېيتىپ چوڭ شەيتانغا ئاتىدۇ.

6–ئاندىن هەديەنى بوغۇزلايدۇ يەنى قۇربانلىق ئۈچۈن قوي ياكى يەتتە كىشى بىر تۆگە ياكى بىر كالا بوغۇزلايدۇ.

7– ئەر كىشى چېچىنى ئالدۇرىدۇ ياكى قىسقارتىدۇ، ئايال بولسا چېچىنى ئالدۇرماستىن چېچىنىڭ هەممە يىرىدىن بارمىقىنىڭ ئۇچى مىقداردا قىسقارتىدۇ.

8–ئاندىن مەككىگە كېرىپ پەرز تاۋاپىنى (يەنى هەجنىڭ تاۋاپىنى) قىلىدۇ.

9–ئاندىن مىناغا قايتىپ چىقىپ، زۇل هەججىنىڭ 11–ۋە 12– كېچىلىرى مىنادا قونىدۇ، هەر كۈنى كۈن ئېگىلگەندىن كيىن ئۈچ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ، هەر بىر شەيتانغا ئارقا_ئارقىدىن يەتتە تالدىن تاش ئاتىدۇ، دەسلەپتە كېچىك شەيتانغا، ئۇنىڭدىن كيىن ئوتتۇرانچى شەيتانغا، ئاخىرىدا چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ، كېچىك ۋە ئوتتۇرانچى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كيىن يانغا چىقىپ دۇئا قىلىدۇ، چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقاندىن كيىن دۇئا قىلماستىن توختىماي كېتىدۇ.

10– زۇل هەججىنىڭ 12–كۈنى ئۈچ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كيىن ئىختىيار قىلسا دەرهال مىنادىن قايتىپ كېتىدۇ، ئەگەر مىنادا تۇرۇپ قالسا، كېچىدە قونۇپ 13–كۈنى كۈن ئېگىلگەندىن كيىن ئۈچ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كيىن قايتىدۇ. 13–كۈنىگىچە تۇرۇش ياخشى ئەمما ۋاجىپ ئەمەس. لېكىن 12–كۈنى كۈن پاتقۇچە مىنا دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىسە ئۇ ۋاقىتتا 13–كېچىسىمۇ مىنادا تۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ، ئەتىسى كۈن ئېگىلگەندىن كيىن ئۈچ شەيتانغا تاش ئېتىپ قايتىپ چۈشىدۇ. ئەمما 12–كۈنى تاش ئېتىپ بولغاندىن كيىن قايتىپ چۈشمەن دەپ مېڭىپ، ماشىنا كۆپ، يول قىستاڭچىلىق بولغانلىق سەۋەبىدىن كۈن پاتقۇچە مىنا دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىپ بولالمىسا ئۇ كىشىگە كېچىدە مىنادا قونۇش كېرەك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مىنادىن چۈشۈپ كېتىشنى كېچىكتۈرمىدى، بەلكى ئىختىيارسىز هالدا شۇنداق بولدى.

11– بۇ كۈنلەر ئاخىرلىشىپ، سەپەر قىلىشنى مەقسەت قىلغاندا، كەبىگە بېرىپ خوشلىشىش تاۋاپى ئۈچۈن يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كيىن سەپەرگە چىقىدۇ. ئەمما ئادەت كۆرۈپ قالغان ۋە نىپاسدار ئاياللارغا خوشلىشىش تاۋاپىنى قېلىش كېرەك بولمايدۇ.

12–ئەگەر هەج قىلغۇچى نەپلە هەج قىلىدىغان بولسا ياكى باشقىلار ئۈچۈن بەدەل هەج قىلىدىغان بولسا، چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزى هەج قىلىپ بولغان بولىشى كېرەك. قىلىدىغان هەجنىڭ سۈپىتى ئوخشاش بولۇپ پەقەت هەجنى نىيەت قىلغان ۋاقىتتا

ۋاكالەتەن ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ، تەلبىيە ئېيتقاندىمۇ شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تەلبىيە ئېيتىدۇ، پائالىيەت جەريانىدا ئۆزى ئۈچۈن ۋە ۋاكالەتەن ھەج قىلغان كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

ئىككىنچى: ھەج ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ: تەمەتتۇئ، قىران ۋە ئىفرادتىن ئىبارەتتۇر.

ھەج تەمەتتۇ دېگەن: شەۋۋال، زۇلقەئىدە ۋە زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدىن ئىبارەت بولغان ھەج ئايلىرىدا ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ ئېھرام كىيىدۇ، ئۆمرە پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ، زۇل ھەججىنىڭ 8-كۈنى مەككىدىن ياكى ھەرەمگە يېقىن جايدىن ھەج ئۈچۈن ئېھرام كىيىدۇ.

ھەج قىران دېگەن: ھەج بىلەنئۆمرىنى بىر نىيەت قىلىپ ئېھرامغا كىرىدۇ، قۇربان ھېيت كۈنى مالنى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ، ياكى دەسلەپتە ئۆمرىنى نىيەت قىلىپ ئېھرامغا كىرىپ تاۋاپىنى باشلاشتىن ئىلگىرى ھەجنى بىرگە نىيەت قىلىدۇ شۇنىڭ بىلەن قىران بولىدۇ.

ھەج ئىفراد دېگەن: سىرىتتىن كەلگەنلەر بەلگىلەنگەن ئورۇنلاردىن، مەككىدە تۇرىدىغانلار ياكى بەلگىلەنگەن ئورۇن دائىرىسى ئىچىدە تۇرىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرى تۇرىدىغان ئورۇندىن ھەجنى نىيەت قىلىپ ئېھرامغا كىرىدۇ. ھەدىيە بولسا(قۇربانلىق قىلىدىغان بولسا)قۇربان ھېيت كۈنى مالنى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ. قۇربانلىق قىلىدىغان مال بولمىسا، پەيغەمبەرئەكەيھىسسالام ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن ساھابىلارنى بۇيرىغاندەك ھەججىنى بۇزۇپ ئۆمرىگە ئۆزگەرتىپ، تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋە قىلىپ، چاچنى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ، شۇنىڭدەك بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك قىران ھەجنى نىيەت قىلغان كىشىمۇ ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن بولسا ھەججىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىپ ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ.

ھەج تۈرلىرىنىڭ ئەۋزىلى ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن كىشى ئۈچۈن ھەج تەمەتتۇئ قىلىشتۇر چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامىمۇ ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن ساھابىلارنى ئالاھىدە تەكىتلەپ تەمەتتۇئ قىلىشقا بۇيرىغان.

سىزگە قىلىدىغان نەسىھىتىمىز، ھەج-ئۆمرە ئەھكاملىرىنى تەپسىلى بىلمەكچى بولسىڭىز شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىيىنىڭ "ھەج-ئۆمرە پائالىيىتى" ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ، بەلكى شەيخنىڭ تور بېتىگە كىرسىڭىزمۇ بۇنى تاپالايسىز.

ئالالاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.